# ئىستىقلال ئاۋازى

فېۋرال 2024
ئومۇمىي 43 - سان



## ئۇيغۇر مەھەللىلىرى خارابىلىككە ئايلانماقتا

32-بەت

خەلقئارالىق ئاپتوموبىل شىركەتلىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلدى
8-بەت

ختاينىڭ تۈركىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ غۇلجا قەتلىئامى ھەققىدىكى بىلجىرلاشلىرىغا قارشى باياناتى ئېلان قىلىندى
24-بەت

دوكلات: شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئېغىرلاشماقتا
56-بەت

گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار ختاينىڭ ساختىپەزلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى
60-بەت

ختاي ئامېرىكا ئېلان قىلغان جازانى رەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى
64-بەت

تۈركىيەدە تۇتۇلغان ختاي جاسۇسى گۇماندارلىرىنىڭ كىملىكى ئاشكارىلاندى
66-بەت

ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق



ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

# ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر
ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

## تەھرىر
ي. قۇرۇم

## لايىھەلىگۈچى
سىلىن ۋەتەنداش

## كارىكاتۇر
رادۋا ئادىل

## نەشر قىلغۇچى ئورۇن
شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

## نەشر تۈرى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

## ئادرېس
Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL



بەت 6



بەت 11




بەت 20

بەت 38



08 خەلقئارالىق ئاپتوموبىل شىركەتلىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلدى

11 ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى ئىلھام توختىنى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات كۆرسەتتى

15 تۈركىيەدە غۇلجا قەتلىئامىنىڭ 27 يىللىقىنى خاتىرىلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى

24 خىتاينىڭ تۈركىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ غۇلجا قەتلىئامى ھەققىدىكى بىلجىرلاشلىرىغا قارشى بايانات ئېلان قىلىندى

28 خىتاي سىياسىي كېڭىشىنىڭ قارارى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يەنە داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا

32 خىتاي ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى ئېلان قىلدى

36 ئىرقىي قىرغىنچىلىققا چېتىلغان گېرمانىيە شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىشكە باشلىدى

42 تۈركىيەنىڭ داڭلىق پۇتبول كۇلۇبلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى

44 ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى ئۇيغۇرلارنى قوللاپ نامايىش قىلدى

46 ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «تېرىلىش ئۇچۇرىشىشى» يىغىلىشىدا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن خىتاب قىلىندى

48 خىتاي مىيۇنخېن بىخەتەرلىك يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى

54 خىتاي تور بىخەتەرلىك شىركىتى قازاقىستان پۇقرالىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئوغرىلىغان

56 دوكلات: شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئېغىرلاشماقتا

60 گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ساختىپەزلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى

66 تۈركىيەدە تۇتۇلغان خىتاي جاسۇسى گۇماندارلىرىنىڭ كىملىكى ئاشكارىلاندى

72 تۈركىيە ئالىي سوتى خىتاي جاسۇسلىرىغا جازا ئېلان قىلدى




# ئامېرىكا خىتاينىڭ ئون نەچچە شىركىتىنى ھەربىي سانائەت شىركەتلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزدى



ئامېرىكا ئون نەچچە خىتاي شىركىتىنىڭ ئامېرىكا تېخنىكىسى بىلەن خىتاي ھەربىي سانائىتىگە ياردەم بېرىشنى چەكلەش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەربىي سائەت شىركەتلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 31-يانۋار ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تۈرغۇزۇپ چىققان چەكلەش تىزىملىكىگە ئوندىن ئارتۇق خىتاي شىركىتىنى قوشقان بولۇپ، مەزكۇر شىركەتلەر خىتاي ئارمىيەسى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن شىركەتلەر ئىكەن. بۇ قارارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئامېرىكا ھەربىي تېخنىكىسىنىڭ خىتايغا ياردەم بېرىشكە



ئىشلىتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىكەن.


خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، يېڭىدىن قوشۇلغان تىزىملىك ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار خىتاينىڭ ئىچكى ساقلىغۇچ ئۆزىكى ئىشلەپچىقارغۇچى چاڭجياڭ دەرياسى ساقلىغۇچ تېخنولوگىيە شىركىتى، سۇنئىي ئىدراك ساھەسىدىكى كۇاڭشى تېخنولوگىيە شىركىتى، لازېرلىق رادار ئىشلەپچىقىرىدىغان خېسەي تېخنولوگىيە شىركىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي بىلەن ئامېرىكىنىڭ سۈركىلىشى جىددىيلىشىۋاتقان بىر مەزگىلدە بۇ تىزىملىكنىڭ يېڭىلىنىشى ئامېرىكىنىڭ «خىتاينىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتىۋېتىشى مۇمكىن» دەپ قارالغان خىتاي شىركەتلىرىگە دىققەت ئاغدۇرۇش ۋە چەكلەش ئۈچۈن قوللانغان كۆپلىگەن تەدبىرلىرىنىڭ بىرى ئىكەن.

**“ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 31-يانۋار ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تۈرغۈزۇپ چىققان چەكلەش تىزىملىككە ئوندىن ئارتۇق خىتاي شىركىتىنى قوشقان**

مەزكۇر قاراردىن كېيىن خىتاينىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئامېرىكىنى دۆلەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلاندى، دەپ ئەيىبلىدى. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمۇ بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ كەمسىتىش قىلمىشىنى تۈزىتىش كېرەكلىكى ھەققىدە جار سالدى.

# خەلقئارالىق ئاپتوموبىل شىركەتلىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلدى






خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 1-فېۋرال ھەممباب، تېسلا، ۋولكسۋاگېن، تويوتا ۋە بىيادى قاتارلىق ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان ماتېرىياللارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىگە كىرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (HRW) 1-فېۋرال يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، ھەممباب، تېسلا، ۋولكسۋاگېن، تويوتا ۋە بىيادى قاتارلىق خەلقئارالىق ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى مەۋجۇت بولۇشتىن ساقلانمىغانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاليۇمىن ئىشلەپچىقارغۇچى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ خىتاي رېجىمى قوللىغان ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پىلانىدىكى ئىشچىلارنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنىڭ بارلىقى، مەزكۇر يۆتكەش پىلانى بويىچە خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىش ئارقىلىق مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئېيتىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان ئاليۇمىنلار خىتايدا ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدىكەن. ئارقىدىن بۇ زاپچاسلار خەلقئارالىق ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلەرگە سېتىلىدىكەن. بۇ شىركەتلەرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پرىنسىپىغا ئاساسەن، مەجبۇرىي ئەمگەك




**ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى خەلقئارالىق ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلىرىنى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى ھەققىدە ئەيىبلىدى.**

بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى تەمىنلەش زەنجىرىدە ئىشلەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى بار ئىكەن.

ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى دوكلاتتا ھەممىباب، تېسلا، ۋولكسۋاگېن، بىيادى ۋە تويوتا قاتارلىق ئاپتوموبىل شىركەتلىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر شىركەتلەر مەجبۇرىي ئەمگەككە ئائىت قانۇنسىز قىلمىش ھەققىدە كونكرېت ئەھۋاللارنى بايقىمىغانلىقىنى ئېيتقان.

خەلقئارالىق ئىنسانىي ھوقۇق تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا نەچچە مىليون ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ قىيىن-قىستاققا ئالغانلىقى، تۇتقۇنلارنى شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقى ھەققىدە دوكلاتلارنى ئېلان قىلىپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، خىتاي رېجىمى ئىرقچىل تۈردە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلماقتا.


# ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى ئىلهام توختىنى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات كۆرسەتتى




ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ بىرلەشمە رەئىسلىرى خىتاي تۈرمىسىدە جازالىنىۋاتقان تۆت كىشىنى 2024-يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزاسى كىرىستوفېر

سمىس بىلەن كومىتېتىنىڭ ئورتاق رەئىسى، دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى جېف مېركلىنىڭ 1-فېۋرال بىلدۈرۈشىچە، ئۇلار چارشەنبە كۈنى نورۋېگىيە نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى



كومىتېتى رەئىسگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، خىتاي تۈرمىسىدە جازالىنىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىي پىروفېسسور ئىلھام توختى، ئىنسان ھەقلىرى ئادۋوكاتى شۈ جىيوك ۋە دىڭ جياشى، خوڭكوڭ «ئالما كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ قۇرغۇچىسى لى جىيىڭ قاتارلىق تۆت كىشىنى 2024-يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات كۆرسەتكەن. بۇ تۆت كىشىنىڭ ھەممىسى سىياسىي پائالىيەتلىرى سەۋەبلىك خىتاي تۈرمىسىگە تاشلانغان بولۇپ، پارلامېنت ۋەكىللىرى مەكتۇپىدا ئۇلارنى «تىنچلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ تەشەببۇسچىلىرى» دەپ سۈپەتلىگەن.

ئىككى رەئىس مەكتۇپىدا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى كومىتېتىنى 2024-يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان بىر كىشىگە بېرىشنى، خىتاي ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى مەسىلىسىدە خەلقئارا بويىچە ئەڭ ناچار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

خىتاي رېجىمى پىروفېسسور ئىلھام توختىنى 2014-يىلى ئاتالمىش «دۆلەتنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش» دېگەن تۆھمەت بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە خىتاي تۈرمىسىدە ياتماقتا. ئىنسان ھەقلىرى ئادۋوكاتلىرى دىڭ جياشى ۋە شۈ جىيوك بولسا 2023-يىلى «دۆلەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش جىنايىتى» دېگەن تۆھمەت بىلەن، ئايرىم-ئايرىم 12 يىللىق ۋە 14 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

**ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى ئىلھام توختىنى 2024-يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتتى.**




YOLCULUK
YÖNETMELIĞI
istiyor.
TAG

# تۈركىيەدە غۇلجا قەتلىئامىنىڭ 27 يىللىقىنى خاتىرىلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى

1997-يىلى 5-فېۋرال يۈز بەرگەن غۇلجا قەتلىئامىنى ۋە شېھىتلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 4-فېۋرال خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

مەزكۇر نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تەشكىللەنگەن بولۇپ، نامايىشقا مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشتى. نامايىشچىلار خىتاينىڭ تارىختىكى ۋە نۆۋەتتىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىرقىي قىرغىنچىلىق



**خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا غۇلجا قەتلىئامىنى ۋە شېھىتلەرنى خاتىرىلەش نامايىشى ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.**

جىنايەتلىرىگە قارشى پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلاشتى.

ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بايانات ئېلان قىلىپ، 1997-يىلى يۈز بەرگەن غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى ۋە خىتاينىڭ شۇ كۈنى رامىزاندا ئىبادەت قىلىۋاتقان خەلقنى باستۇرۇش جىنايىتىگە قارشى كوچىغا چىقىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن ئۇيغۇر خەلقىنى قاتتىق سوغۇقتا سوغۇق سۇ چېچىپ توڭلىتىپ قىرغىن قىلغانلىقىنى، بۇ ھەرىكەتكە چېتىلغان بارلىق كىشىلەرنى ئېغىر جازالىغانلىقىنى، يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى 16 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى، خەلقنى ھەر خىل تۆھمەتلەر بىلەن تۈركۈملەپ تۇتقۇن قىلىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقىنى، نەچچە مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا سولاپ قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى، نۆۋەتتە بولسا يالغان تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ باياناتىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئىسلام دۇنياسى ۋە تۈرك دۇنياسىنى خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىغا ئالدانماي، ھەرۋاقىت






شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىگە بولۇشقا چاقىردى.

ئارقىدىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد سۆز قىلىپ، غۇلجا قەتلىئامىغا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئېتىبار بەرمىگەنلىكى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ بۇنىڭدىن جاسارەتلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماپ قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى، ئوچۇق-ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىسى، ژۇرنالىست ئادەم ئۆزكۆسەنمۇ سۆز قىلىپ، زۇلۇمغا بىۋاستە قارشى تۇرالمىغاندا، ئۇنى




باشقىلارغا بىلدۈرۈش
كېرەكلىكىنى، ئۇۋەتتە
ئۇيغۇر كىملىكىنى
ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىم
ئىكەنلىكىنى، ئىسلام
ئەللىرى ئىسرائىلىيەنىڭ
ماللىرىنى بايقۇت
قىلغىنىدەك، خىتاي
ماللىرىنىمۇ بايقۇت قىلىشى
كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن شەرقىي
تۈركىستان ئۆلىمالار
بىرلىكى رەئىسى دوكتور
ئالىمجان بۇغدا سۆز
قىلدى. ئۇ خىتاينىڭ
شەرقىي تۈركىستانغا
بېسىپ كىرگەندىن بېرى،
باستۇرۇش، قىرغىن
قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ
كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇۋەتتە
خىتاي شەرقىي تۈركىستان
مۇسۇلمانلىرىنىڭ
بارلىق ئىبادەتلىرىنى



چەكلىگەنلىكىنى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېزىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى، تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئاز-تولا رۇخسەت قىلىشتەك خىتاينىڭ تۈرلۈك ھىيلىلىرىگە ئالدانماسلىقى كېرەكلىكىنى، ئىشغالىيەتچى خىتايغا قارشى تۇرۇش ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

نامايىش دوكتور ئالىمجان بۇغدانىڭ يېتەكچىلىكىدە بارلىق شېھىتلەرنىڭ روھىغا ئاتالغان، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشى، خىتاينىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن قىلىنغان دۇئالار بىلەن ئاخىرلاشتى.

# دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
# غۇلجا قەتلىئامىنىڭ 27 يىللىقى خاتىرىلەندى



دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاينىڭ بۇندىن 27يىل ئىلگىرى غۇلجىدا ئىجرا قىلغان ۋەھشىيانە قەتلىئامنى ۋە شېھىتلەرنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

جۇملىدىن شىۋىتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار 4-فېۋرال شىۋىتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، خىتاينىڭ ئىستوكھولمدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلدى.

نامايىشتا خىتاينىڭ 1997-يىلى 5-فېۋرال غۇلجا شەھرىدە سادىر قىلغان قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ 27 يىللىقى ۋە شۇنداقلا ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈلدى، شۇنداقلا غۇلجا قەتلىئامى توغرىسىدا، جەمئىيەت نامىدىن بايانات ئېلان قىلىندى.

ئارقىدىن غۇلجا قىرغىنچىلىقىدا ھايات قالغان تىرىك شاھىتلاردىن



**دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى غۇلجا قەتلىئامىنى ۋە شېھىتلەرنى خاتىرىلىدى.**

ئابدۇللەتىف ئابدۇلقادىر خىتاينىڭ غۇلجا قەتلىئامىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، غۇلجىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش نامايىشىغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ 80% نىڭ خىتاي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، قالغانلىرىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈردى.

گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ 4-فېۋرال گوللاندىيەنىڭ ئامستېردامدىكى دام مەيدانىدا غۇلجا قەتلىئامىنىڭ 27 يىللىقىنى خاتىرىلەپ بايانات ئېلان قىلىش ۋە نامايىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتنى گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار ئىتتىپاقى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇلئەزىز بايانات ئېلان قىلدى. نامايىشچىلار غۇلجا قەتلىئامىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان شېھىتلەرنىڭ، جازا لاگېرىدىكى تۇتقۇنلارنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن پلاكاتنى كۆتۈرۈپ، «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن



چىقىپ كەت»، «خىتاي تېررور رېجىمى» دېگەن شوئارلارنى توۋلاشتى.

ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 27 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پائالىيەت ئۆتكۈزدى. ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادىلەيدىتە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار 4-فېۋرال ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن،



جەنۇبى ئاۋستىرالىيە پارلامېنتى ئالدىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ 1997-يىلى 5-فېۋرال غۇلجا شەھىرىدە ئىجرا قىلغان تارىخىي قىرغىنچىلىقىنىڭ 27 يىللىقى ۋە شۇنداقلا نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈپ خىتايغا نارازىلىق بىلدۈردى.

نامايىشتا شەرقىي تۈركىستان ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇستافا تۇران جەمئىيەت نامىدىن ئىنگلىزچە بايانات ئېلان قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، باياناتچىسى ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرمۇھەممەت تۈركىستانىي قاتارلىقلار سۆز قىلدى.

بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىمۇ غۇلجا قەتلىئامىنىڭ 27 يىللىقىنى خاتىرلەپ، بايانات ئېلان قىلىش ۋە نامايىش پائالىيىتى تەشكىللىدى.

ئۇندىن باشقا ياپونىيە، ئامېرىكا، كانادا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ غۇلجا قەتلىئامى ۋە شېھىتلەرنى بايانات ئېلان قىلىش، پىيادە يۈرۈش قىلىش، يىغلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن خاتىرلىدى.


# خىتاينىڭ تۈركىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ غۇلجا قەتلىئامى ھەققىدىكى بىلجىرلاشلىرىغا قارشى بايانات ئېلان قىلىندى



خىتاينىڭ تۈركىيەدىكى باش ئەلچىخانىسى 5-فېۋرال بايانات ئېلان قىلىپ، 27 يىل بۇرۇن ئىجرا قىلىنغان غۇلجا قەتلىئامىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلدى ۋە غۇلجا قەتلىئامىنى خاتىرىلەش نامايىشلىرىغا ۋە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا قارا سۈركەپ بىلجىرلىدى.

غۇلجا قەتلىئامىنىڭ 27 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار تۈرلۈك نامايىش، پائالىيەتلەرنى تەشكىللىگەنىدى. جۈملىدىن تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار 4-فېۋرال خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، خىتاينىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزگەنىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان خىتاي بۇ نامايىشلاردىن قاتتىق بىئارام بولغان.

تۈركىيەدىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسى باياناتىدا: «خىتايغا قارشى بۆلگۈنچى كۈچلەر غۇلجا ۋەقەسىدىكى بۆلگۈنچىلىك، ئۇرۇپ-چېقىش، ئۆلتۈرۈش



ۋەقەسنى بۇرملاپ تەشۋىق قىلدى» دەپ بىلجىرلىغان.

ئەلچىخانا باياناتىدا يەنە قىرغىنچىلىققا ئالاقىدار پاكىتلارنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، ئۆزىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىلىپ سەپسەتە ساتقان. خەلقئارا جەمئىيەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ زىيانكەشلىك قىلىش جىنايىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئەيىبلەۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي يەنىلا يالغان تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنغان.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى 6-فېۋرال خىتاي


中华人民共和国驻土耳其共和国大使馆
Çin Halk Cumhuriyeti Büyükelçiligi
中文 Türkçe/English
首页 | 新闻动态 | 中土关系 | 经贸往来 | 文化交流 | 领事服务 | 联系我们

· 使馆新闻

**驻土耳其使馆发言人就所谓“东突”组织及个别反华势力炒作伊宁市“2•5”事件发表谈话阐明中方严正立场**

2024/02/05

近日，所谓“东突”组织及个别反华势力炒作伊宁市“2·5”严重打砸抢骚乱事件。对此，中国驻土耳其使馆发言人发表谈舌，阐述了中方严正立场。

使馆发言人表示，1997年2月5日，所谓“东突”恐怖组织策划、制造了伊宁市“2·5”严重打砸抢骚乱事件，残杀群众7人，打伤群众、公安民警、武警198人，其中重伤64人，毁坏汽车30余辆，烧毁民房2间。中国政府依法坚决打击恐怖主义，坚定维护社会稳定和人民群众生命财产安全。

近年来，所谓“东突”分裂势力和反华敌对势力不断在国际上炮制涉疆谎言谣言，混淆是非，颠倒黑白，企图将恐怖势力制造的暴力犯罪案件一桩桩“洗白”。恐怖主义是人类社会的公敌，这种行径不仅是徒劳的，而且进一步暴露了其反人类、反文明、反社会的本质，受到国际社会严厉谴责。

当前，新疆经济社会发展成就显著，是过去任何一个历史时期无法比拟的，也是任何尊重事实的人士都不会否认的。在事实面前，谎言不堪一击。所谓“东突”势力和反华势力编造涉疆谎言和谬论，企图误导国际舆论，阻遏中国发展，这种用心险恶的图谋注定不会得逞。

ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتىغا قارشى بايانات ئېلان قىلدى. باياناتتا: «1997-يىلى 5-فېۋرال خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە خىتاينىڭ دىنىي چەكلىمە ۋە باستۇرۇشلىرىغا قارشى تىنچ نارازىلىق بىلدۈرگەن خەلقنى سوغۇقتا توڭلىتىپ ئۆلتۈرۈپ قىرغىن قىلدى، مىڭلىغان كىشىنى قولغا ئالدى. ھالبۇكى، بۇگۈنكى كۈنىمىزدە يۈزلىگەن قەتلىئاملارنى ئىجرا قىلغان، سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي يالغان تەشۋىقات ئۇسۇلى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تېررورچى، بۆلگۈنچى دېگەندەك ناملار بىلەن ئەيىبلەپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا» دېيىلدى.

باياناتتا يەنە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن،

**تەشكىلاتلار بىرلىكى خىتاينىڭ غۇلجا قەتلىئامىنى بۇرمىلاش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارا سۈركەش ئۇرۇنۇشلىرىنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى ۋە رەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.**

خىتاينىڭ غۇلجا قەتلىئامىنى بۇرمىلاش، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارا سۈركەش ئۇرۇنۇشلىرىنى ئەيىبلەيدىغانلىقى ۋە رەت قىلىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

بۇ ھەقتە تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، خىتاي 1997-يىلى غۇلجا شەھرىدە ئىجرا قىلغان قىرغىنچىلىقنى ۋە شېھىتلەرنى خاتىرىلەپ، نامايىش ۋە بايانات ئېلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنىڭ خەلقئارادا ئومۇملاشقانلىقىنى، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى، خىتاينىڭ تۈركىيە باش ئەلچىخانىسى ئېلان قىلغان مەزكۇر باياناتنىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن يوشۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ۋە خىتاينىڭ خەلقئارا سوتتا سوتلىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ خىتاينى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىلەن، قانۇنىي يول ئارقىلىق سوتقا تارتىش ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

# خىتاي سىياسىي كېڭەشىنىڭ
# قارارى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يەنە داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا



خىتاي رېجىمى نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئېچىۋاتقان سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنى ئالدىنقى ھەپتە ئاخىرلىشىپ، يىغىن قارارى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، قاراردا ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، ئالاقە تورى دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» قاتارلىقلار ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. بۇ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىق ئىجرا قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» سىياسىي كېڭەش 13-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-يىغىنى 29-يانۋار باشلىنىپ، 2-فېۋرال ئاخىرلاشقان. يېپىلىش



> **خىتاي رېجىمى شەرقىي *تۈركىستاندا* ئاچقان سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ *داۋاملىق ئىجرا* قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە**

يىغىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي، قورچاق ئەمەلدارلاردىن ئەركىن تۈنىياز، نۇرلان ئەبىلمەجىن دوكلات سۇنغان. يىغىن ئاخىرىدا بۇ يىللىق سىياسىي خىزمەت نىشانى سۈپىتىدە قارارنى ئېلان قىلغان بولۇپ، قاراردا «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىش، ھەرقايسى ساھەلەردىكى خەۋپ-خەتەر يوشۇرۇن خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-توگىتىش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ مۇقىملىقنى قوغداش ئۇچۇن ئەمەلىي نازارەت قىلىش، ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ بوھتان چاپلىشى، قارا چاپلىشىغا ۋە شىنجاڭغا ئالاقىدار چەكلىشىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش، ئەزالارنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئاممىۋى پىكىر، زىيانلىق گەپ-سۆزلەرگە قاراتمىلىق رەددىيە بېرىشكە تەشكىللەش، دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش» قاتارلىق ئىبارىلەر تەكىتلەنگەن.

خىتاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلاندۇرۇش»، «دۆلەت ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «تېررورلۇققا زەربە بېرىش»، «ئىسلام



دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش»، «قۇرئان كەرىمنى سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ شەرھلەش» دېگەن ناملار ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېتىقادىنى، مەدەنىيىتىنى، تىل-يېزىقىنى، ئەنئەنىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل چەكلىدى ۋە ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن مىليونلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ كەلدى.

خىتاي رېجىمىنىڭ بۇ يىللىق ئاتالمىش «سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى» يىغىنىدا چىقىرىلغان قارارىنىڭ مەزمۇنلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە.

# خىتاي ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبدا سېلىنغان ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى ئېلان قىلدى



خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبدا سېلىنغان ئۆيلەرنى ئاتالمىش «كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش» باھانىسى چېقىپ ئۆزگەرتىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ يىل يەنە 3696 يۈرۈش ئۆينى چېقىپ ئۆزگەرتىشنى پىلانلىغان.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 8-فېۋرال خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» تۇرالغۇ ۋە شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ





ئاشكارىلىشىچە، ختاي رېجىمى بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «خەتەرلىك كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش» نامىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بەش تەۋەلىك رايوندىكى 3696 يۈرۈش ئۆينى چېقىپ ئۆزگەرتىشنى پىلانلىغان.

ختاي تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ختاي 2010-يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «كەپىلىك مەھەللىلەرنى چېقىپ ئۆزگەرتىش» نامىدا ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى چېقىپ ئۆزگەرتىشكە باشلىغان بولۇپ، 2023-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي 49 مىڭ 662 يۈرۈش ئۆي ۋە رايوننى چېقىپ، ختايچە ئۇسلۇبقا ئۆزگەرتكەن. 2023-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەر-بازارلىرىدىكى جەمئىي 1 مىليون 797 مىڭدىن ئارتۇق ئۆي چېقىپ ئۆزگەرتىلگەن.

ختاينىڭ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ۋەيران قىلىش پىلانىدا 2000-يىلىدىن بۇرۇن سېلىنغان ئولتۇراق رايون ئاساس قىلىنغان بولۇپ،

**2023-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جەمئىي 1 مىليون 797 مىڭدىن ئارتۇق ئۆي چېقىپ ئۆزگەرتىلگەن.**

ئۈرۈمچى شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، كۇچا شەھىرى، خوتەن شەھىرىدىن ئىبارەت بەش شەھەردە نۇقتىلىق ئىجرا قىلىنغان.

خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللار مابەينىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن ئىسلامىي، مىللىي قىممەت قاراشلىرىدىن، مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاپ، نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى قىرغىن قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر-ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى، ھويلا-ئاراملارنى ئاتالمىش تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن مەجبۇرىي چېقىشقا باشلىغانىدى. خىتاي بۇ يىلمۇ مەزكۇر رەزىل پىلانىنى داۋاملىق كۈچەپ ئىجرا قىلىشنى پىلانلىغان.



# ئىرقىي قىرغىنچىلىققا چېتىلغان گېرمانىيە شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىشكە باشلىدى




گېرمانىيەنىڭ داڭلىق خىمىيە شىركىتى BASF شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا چېتىلىش بىلەن كۆپلەپ ئەيىبلەنگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى شېرىك شىركەتلەر بىلەن سودا ئالاقىسىنى ئۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، گېرمانىيە خىمىيە شىركىتى BASF ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە چېتىشلىق بولۇش بىلەن كۆپلەپ تەنقىدكە ۋە بېسىمغا ئۇچرىغان بولۇپ، شىركەت 9-فېۋرال شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى خىتاي شىركىتى بىلەن ھەمكارلىقىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى،

> **گېرمانىيە خىمىيە شىركىتى *BASF* شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى خىتاي شىركىتى بىلەن ھەمكارلىقىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.**




مەزكۇر شىركەتلەردىكى پېيىنى تېزلىكتە ساتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.


گېرمانىيە خىمىيە شىركىتى بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان باياناتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ كورلىدىكى ئىككى ئىشلەپچىقىرىش ئورنىنىڭ رىقابەت بېسىمى ۋە تەمىنلەشنىڭ ئېشىشىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىبۇرۇن چېكىنىش باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

باياناتتا يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى خىتاي شىركىتىنىڭ دوكلاتلاردا ئاشكارىلانغان پائالىيەتلىرىنىڭ BASF شىركىتىنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا ماس كەلمەيدىغانلىقى، بۇ سەۋەبتىن چېكىنىشنى قارار قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى مارتىن برۇدېرمۇلېر بۇ قارارنى دەلىللەپ، بىر نەچچە ئاي ئىچىدە چېكىنىش باسقۇچلىرىنى تاماملاشقا ۋەدە بېرىدىغانلىقىنى، خىتاي شىركەتلىرىدىكى ئەھۋالنىڭ شىركەتنىڭ قىزىل سىزىقى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

گېرمانىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىلگىرى گېرمانىيە شىركىتى BASF ھەمكارلاشقان خىتاي شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نوپۇسىنى كونترول قىلىش ۋە باستۇرۇشقا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى.

# خىتاي بۇ يىل قەشقەرنى
# خىتايلارنىڭ باھار بايرىملىق سەنئەت كېچىلىكىنىڭ شۆبە رايونى قىلدى



ختاي شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش، شۇنداقلا ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىل ختاي مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باھار بايرىمىلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى شۆبە مەيدانىنىڭ بىرىنى قەشقەر قىلىپ بېكىتتى.

10-فېۋرال ختايلارنىڭ باھار بايرىمى بولۇپ، ختاي بۇ يىللىق باھار بايرىمى سەنئەت كېچىلىكى پىروگراممىسىنى بېيجىڭدىكى ئاساسلىق سورۇندىن باشقا، شېنياڭ، چاڭشا، شىئەن ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھرىدىن ئىبارەت تۆت تارماق ئورۇندا ئۆتكۈزگەن.

ختاي مەركىزىي رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2024-يىللىق باھار بايرىمىلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىنىڭ شۆبە مەيدانى بولغان قەشقەردە



> **ختاي بۇ يىل *باھار بايرىملىق* كېچىلىكىنى *تۇنجى قېتىم* شەرقىي *تۈركىستانغا* ئورۇنلاشتۇردى.**

تەييارلانغان ئاتالمىش «گۈزەللىك شىنجاڭدا» ناملىق نومۇرنى CCTV 1-قانىلىدا تارقاتقان. ختاي بۇ قېتىملىق پائالىيەتكە ئالاھىدە تەييارلىق قىلغان بولۇپ، بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى ختاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى بۇنى ئالاھىدە كۈنتەرتىپكە كەلتۈرگەنىدى. كېچىلىكتە ختايلار ئارىسىدا تونۇلغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلار بۇ پائالىيەتتە ئالاھىدە نومۇر ئورۇنلاپ، ختاينىڭ تەشۋىقاتىغا ماسلاشقان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك كوممۇنىست پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى سۇ جاۋبىڭ ختاي رېجىمىنىڭ قەشقەر شەھىرىنى باھار بايرىملىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىنىڭ شۆبە مەيدانى قىلىپ بېكىتىشى ھەققىدە: «قەشقەرنى چاغانلىق سەنئەت كېچىلىكىنىڭ شۆبە مەيدانى قىلىش شىنجاڭغا نىسبەتەن بىر چوڭ بىر ئىش. بۇ كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە مەركىزىي رادىيو-تېلېۋىزىيەسىنىڭ مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قوللانغان ئەمەلىي تەدبىرى» دەپ بىلجىرلىغان.

بۇ ختاينىڭ باھار بايرىملىق كېچىلىكىنى تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، خوڭكوڭ تاراتقۇلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان تەھلىلىدە شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان جەنۇبقا جايلاشقان قەشقەر شەھىرىنى ختاينىڭ باھار بايرىملىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىنىڭ شۆبە مەيدانى قىلىپ بېكىتىش ختاي رېجىمىنىڭ بىخەتەرلىككە بولغان ئىشەنچىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ختاي رېجىمى بۇ يىل شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بايرام ئۆتكۈزۈشكە تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان دەرىجىدە مەجبۇرلىغان بولۇپ، ختايلارنىڭ باھار بايرىمىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىختىن بېرى تەبرىكلەپ كەلگەن ئەنئەنىۋى بايرىمى ئىكەنلىكى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىنغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق شەھەر، يېزا-

كەنتلىرىدە ختايلارنىڭ باھار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوقۇغۇچىلارغا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە مەجبۇرىي ختاي كىيىمى كىيدۈرۈلۈپ، ختايچە ئۇسسۇللار ئوينىتىلغان. ختاي خەۋەرلىرىدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ختايلار بىلەن بىرلىكتە ئاتالمىش «ھارپا ئېشى» يەپ بايرام تەبرىكلىگەنلىكى ئالاھىدە خەۋەر قىلىنغان.

تەھلىلچىلەرنىڭ قارىشىچە، ختاي رېجىمى قەشقەرنى چاغانلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىنىڭ شۆبە مەيدانى قىلىپ بېكىتىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئەيىبلەنگەن خەلقئارالىق خەۋەرلەر ۋە ئەيىبلەشلەرگە قارشى تۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ختاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى چەكلەش بىلەن بىرگە، ختاي كۇلتۇرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە بايراملىرىنى زورلاپ تاڭماقتا.



# تۈركىيەنىڭ داڭلىق پۇتبول كۇلۇبلىرى

# شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى




10-فېۋرال كەچتە تۈركىيەدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا باشلانغان «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» ناملىق ھەشتەگ پائالىيىتىدە ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق سابىق باش كونسۇلى سۇي ۋېينىڭ 2019-يىلى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىلغان سۆزلىرى قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كەلگەن بولۇپ، تۈركىيەدىكى داڭلىق شەخسلەر ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، خىتاينى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىدى.

2019-يىلى مارت ئېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن باھار بايرىمى پائالىيىتىدە، خىتاينىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باش




كونسۇلى سۈي ۋېي دوغان خەۋەر ئاگېنتلىقى مۇخبىرىغا قىلغان سۆزىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى رەت قىلىش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئاقلاپ: «كېسەل بولغان مېڭىلەرنى داۋالاۋاتىمىز» دەپ بىلجىرلىغانىدى.

ئۇنىڭ قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كەلگەن بۇ بىلجىرلاشلىرىغا قارشى تۈركىيەدىكى ئەڭ داڭلىق پۇتبول كۇلۇبلىرىنىڭ بىرى بولغان گالاتاساراينىڭ كوماندا باشلىقى كېرەم ئاقتۈركئوغلى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ھېسابىدا قاتتىق ئىنكاس قايتۇردى. ئۇ X ھېسابىدا: «كېسەل بولغىنى ئۇلار (ئۇيغۇرلار)نىڭ مېڭىسى ئەمەس، بەلكى كىشلەرنى مەجبۇرىي ھالدا ئائىلىسىدىن ئايرىپ، جازا لاگېرلىرىغا قامىغان ئىرقىي قىرغىنچى ئىدىيە» دەپ يازدى.

كېرەم ئاقتۈركئوغلىنىڭ رەددىيە بايانى قىسقىغىنا بىر-ئىككى سائەت ئىچىدە تۈركىيەدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۈنتەرتىپكە كەلدى. بۇ رەددىيەگە يۈزمىڭلىغان كىشى ئىنكاس يازدى ھەمدە ھەمبەھىرلىدى. ئۇندىن باشقا تۈركىيەدىكى ئەڭ داڭلىق پۇتبول كۇلۇبىدىن بىرى بولغان

**“**

**«كېسەل بولغىنى ئۇلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ مېڭىسى ئەمەس، بەلكى كىشلەرنى مەجبۇرىي ھالدا ئائىلىسىدىن ئايرىپ، جازا لاگېرلىرىغا قامىغان ئىرقىي قىرغىنچى ئىدىيە»**

ترابزون كوماندىسىمۇ رەسمىي ھېسابىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرگە قاراتقان زۇلۇم، باستۇرۇشلىرىغا غەزىپىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. بىر تۈركۈم ئاخبارات ئورگانلىرى، دىنىي ئۆلىمالار ۋە داڭلىق شەخسلەرمۇ بۇ ھەرىكەتكە ئاۋاز قوشتى.




# ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى ئۇيغۇرلارنى قوللاپ نامايىش قىلدى

ھىندىستاننىڭ كالكۇتتا شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى خىتاينىڭ كالكۇتتادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۇيغۇرلارنى قوللاپ نامايىش ئۆتكۈزدى.

ھىندىستان تېلېگرام خەۋەرلىرى تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ھىندىستاننىڭ كالكۇتتا شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى 11-فېۋرال خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش قىلمىشى، شۇنداقلا خىتاينىڭ 2023-يىلى

**"ئىسلام تىنچلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى چەكلىگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ نامايىش ئارقىلىق قېرىنداشلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.**

پۈتكۈل ئارۇناچال پرادېش ئۆلكىسىنىڭ خىتاي زېمىنىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى قىلىپ تۈزۈپ چىققان يېڭى خەرىتىسىنى رەت قىلىپ نامايىش قىلغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، 11-فېۋرال كالكوتتادىكى ئىسلام تىنچلىق جەمئىيىتى خىتاينىڭ مەزكۇر شەھەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان خورلاش، باستۇرۇش سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش ئۆتكۈزگەن. نامايىشچىلار يەنە خىتاينىڭ «خەرىتە تاجاۋۇزچىلىقى»نى ئەيىبلىگەن بولۇپ، خىتاي رېجىمى 2023-يىلى ئاتالمىش «ئۆلچەملىك خەرىتە»سىنى ئېلان قىلىپ، پۈتكۈل ئارۇناچال پرادېشنى خىتاي زېمىنىغا كىرگۈزگەنىدى.

رايوندىكى ساقچىلارنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن 50 كە يېقىن نامايىشچى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرغانلىقى ۋە يېڭى خەرىتىسى ھەققىدىكى مەزمۇنلار يېزىلغان پلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ سىرتىدا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، شوئار توۋلىغان.

ئىسلام تىنچلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نەجبۇللاھ خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى چەكلىگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ نامايىش ئارقىلىق قېرىنداشلىرىنى قوللاپ، خىتايغا نارازىلىقنى بىلدۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئۇ يەنە: «بىز خىتاينىڭ ئارۇناچال پرادېشتىكى ئىگىلىك ھوقۇقىمىزغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز» دېگەن.

# ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «تىرىلىش ئۇچرىششى» يىغىلىشىدا شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن خىتاب قىلىندى

17-فېۋرال ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستان ۋە پەلەستىن مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلگەن «تىرىلىش ئۇچرىششى» ناملىق زور كۆلەملىك يىغىلىش داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

ئىستانبۇلنىڭ باكىركۆي رايونىغا جايلاشقان سىنان ئەردەم تەنتەربىيە زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشنى تۈركىيە IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى تەشكىللىگەن بولۇپ، پەلەستىندە بەش ئايدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ۋەھشىي قەتلىئامنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش، شۇنداقلا خىتاينىڭ ھىيلە-نەيرەڭ بىلەن پەلەستىن خەلقىنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ، ئىسلام دۇنياسىغا يېقىنچىلىق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا



داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش قىلمىشىنى پاش قىلىش ئاساسلىق تېمىلاردىن بولدى.

پائالىيەتكە تۈركىيەدىكى تونۇلغان دىنىي زاتلار ۋە ئىسلامىي ھەرىكەت باشلامچىلىرى ئىشتىراك قىلغاندىن باشقا، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى مەسئۇللىرى، زور كۆلەمدە تۈرك ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئىشتىراك قىلدى.

پائالىيەتتە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان بىلەن تەقدىرداش پەلەستىندە بەش ئايدىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي قەتلىئامنى ئەيىبلىدى ۋە پەلەستىن خەلقىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان، ئىسلامغا ئالاقىدار بارلىق نەرسىلەرنى قاتتىق چەكلەپ باستۇرغان ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ ھەرخىل ھىيلە-نەيرەڭلىرى بىلەن پەلەستىن خەلقىگە ھېسداشلىق قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت كۆز بويامچىلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى ۋە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئەسكەرتىپ كۈچلۈك خىتاب قىلدى.

> **دوكتور ئالىمجان بۇغدا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئەسكەرتىپ كۈچلۈك خىتاب قىلدى.**



# خىتاي مىيۇنخېن بىخەتەرلىك يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى




خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە ئېچىلغان بىخەتەرلىك يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ئالاقىدار سوئالغا دۇچ كەلدى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى 18-فېۋرال گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە ئېچىلغان دۇنيا بىخەتەرلىك يىغىنى خىتاي مەسىلىرى مەخسۇس سەھنىسىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدىكى سوئالغا دۇچ كەلگەن.

رىياسەتچى ۋاڭ يىدىن تەيۋەن مەسىلىسى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، جۈملىدىن مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار سوئاللارنى سورىغان. ۋاڭ يى ھىيلىگەرلىك بىلەن رىياسەتچىسىنىڭ سوئالىنى قاتتىق ھەيران قالغان قىياپەتتە ئاڭلىغان.



ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدە بىلجىرلاپ: «شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر نوپۇسى ئەسلىدىكى 3 مىليوندىن كۆپىيىپ، ھازىرقى 12 مىليونغا يەتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئەسلىدىكى 30 ياشتىن 75.6 ياشقا يۈكسەلگەن ياشاش شارائىتىغا ئېرىشتى. بۇ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى ئەمەسمۇ؟ بارلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئەركىنلىكى ياخشى قوغدالماقتا. مۇسۇلمانلار يېتەرلىك دىنىي سورۇنلاردىن بەھرىمەن

## ❝ خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مىيۇنخېن دۇنيا بىخەتەرلىك يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدىكى سوئالغا دۇچ كەلدى.

بولماقتا، ھۆكۈمەت يەنە مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش ئىشلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە دۇكان نامانلىرىنىڭ ھەممىسى قوش تىلدا يېزىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى قوغدالدى» دېگەن.



**16 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت ۋەيران بولغان ياكى چېقىۋېتىلگەن.**

ۋاڭ يى جاۋابىنىڭ ئاخىرىدا يەنە: «خىتاينىڭ تېز تەرەققىي قىلغىنىنى كۆرگەن قىسمەن دۆلەتلەر خىتاينى چەكلەش مەقسىتىدە، شىنجاڭ ھەققىدە يالغان توقۇپ، شىنجاڭنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇندى. مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا. كۆپچىلىكنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرۈپ بېقىشىنى تەلەپ قىلىمەن» دەپ چالۋاقىغان.

ھالبۇكى، خىتاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاتالمىش «تېرورلۇققا زەربە بېرىش»، «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلاندۇرۇش»، «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش»... دېگەندەك ناملار بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېتىقادىنى، مەدەنىيىتىنى، تىل-يېزىقىنى، ئەنئەنىلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل چەكلىدى ۋە ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن مىليونلىغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ كەلدى. 16 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتنى چېقىۋەتتى ياكى بۇزۇۋەتتى.

خەلقئارالىق ئىنسانىي ھوقۇق تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا نەچچە مىليون ئۇيغۇر ۋە باشقا



تۈركىي خەلقلەرنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ قىيىن-قىستاققا ئالغانلىقى، تۈتقۇنلارنى شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغانلىقى ھەققىدە دوكلاتلارنى ئېلان قىلىپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، خىتاي رېجىمى ئىزچىل تۈردە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلماقتا.

ۋاڭ يىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنىڭ يالغانلىقىنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ:

خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 2024-يىللىق يەرشارىۋى دوكلاتىدا شى جىنپىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيانقى ئون يىل ئىچىدە پۈتۈن خىتايدىكى ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلارنى باستۇرۇشنىڭ بارغانچە كۈچەيگەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئاللىبۇرۇن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەنگلىيە شېفىلد ھالام ئۇنىۋېرسىتېتى 2023-يىلى 6-دېكابىر ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە ئائىت «شەرقىي تۈركىستاندىن ياۋروپاغىچە بولغان كىيىم-كېچەك تەمىنلەش زەنجىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش» ناملىق دوكلاتىنى ئېلان




قىلىپ، ياۋروپادىكى داڭلىق كىيىم-كېچەك ماركىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتى بارلىقىنى ئاشكارىلىدى.

2023-يىلى 18-ئۆكتەبىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىندى. بىرلەشمە باياناتقا ئەنگلىيە باشلىق 51 دۆلەت ئىمزا قويدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سابىق ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت 2022-يىلى 31-ئاۋغۇست ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقان ئاخىرقى پەيتلەردە، شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتنى ئېلان قىلدى. مەزكۇر 48 بەتلىك دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قاراتقان قىلمىشلىرىنىڭ «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىنلىكى تەكىتلەندى.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى (ASPI) 2021-يىلى 12-مايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا خىتاينىڭ 2017-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلغان ئاتالمىش «قانۇنسىز تۇغۇشقا زەربە بېرىش» ھەرىكىتى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تۆۋەنلىگەنلىكىنى، 2017-يىلدىن 2019-يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ 48.74% تۆۋەنلىگەنلىكىنى، بۇنىڭ سۈرىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش ياكى رىۋاندا ۋە كامبودژا

> **كۆپلىگەن نوپۇزلۇق دوكلاتلار، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىۋاتقان چەكلىك ئۇچۇرلار خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلماقتا.**

ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مەزگىلىدىكى نوپۇس تۆۋەنلەشتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى 2020-يىلى دېكابىر ئېيىدا ئېلان قىلغان خەۋەردە خىتاي رېجىمىنىڭ 2017-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا 500 مىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ناملار بىلەن پەردازلانغان باللار لاگېرىغا يىغىۋېلىنغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. نۆۋەتتە بۇ ساننىڭ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق دەرىجىدە ئاشقانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. بۇلاردىن سىرت يەنە كۆپلىگەن نوپۇزلۇق دوكلاتلار، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىۋاتقان چەكلىك ئۇچۇرلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەممە ساھەگە چېتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلماقتا.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، بىر نەچچە يىلدىن بېرى غايەت زور سوممىدا مەبلەغ سېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساياھەت رايونلىرىنى تەسىس قىلغانلىقىنى، ساياھەتچىلەرنىڭ پەقەتلا خىتاي مەخسۇس تەسىس قىلغان رايوندا ھەرىكەت قىلغاندىن باشقا، باشقا رايونلاردا ھەرىكەت قىلىشىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىق قىلىۋاتقانلىقىنى، كۆز بويايدىغان يالغان سەھنىلەر تەييار بولغاچقا، خىتاي ئەمەلدارى ۋاڭ يى چەت ئەللىكلەرنى خاتىرجەم ھالدا شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشقا چاقىرغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# خىتاي تور بىخەتەرلىك شىركىتى قازاقىستان پۇقرالىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئوغرىلىغان



خىتاي رىجىمىنى تور بىخەتەرلىك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر خىتاي شىركىتىنىڭ قازاقىستان پۇقرالىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئوغرىلىغانلىقى ئاشكارىلانغان بولۇپ، قازاقىستان رەقەملىك تەرەققىيات مىنىستىرلىقى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشى بىرلەشمە تەكشۈرۈشنى باشلىغان.

قازاقىستان خەلقئارا خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ 21-فېۋرال خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي رىجىمىنى تور بىخەتەرلىك ساھەسىدە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغان خىتاينىڭ بىر تور بىخەتەرلىك شىركىتىنىڭ ئىچكى ئۇچۇرلىرى بۆلۈمىنىڭ ماتېرىياللىرى يېقىندا ئاشكارىلانغان. مەزكۇر ماتېرىياللار ئىچىدە قازاقىستاننىڭ ئاساسلىق كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركەتلىرىنىڭ مەخپىي سانلىق مەلۇماتلىرى،

شۇنداقلا قازاقىستان تېلېگراف پاي شىركىتى ۋە بىرلەشمە ياشانغانلار كۈتۈنۈش فوندىنىڭ ھۆججەتلىرى بار ئىكەن.

سانلىق مەلۇمات ئانالىزىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئوغرىلانغان ئۇچۇرلارنىڭ مىقدارى تېرابايت ئۆلچىمىدە بولۇپ، Kcell، Beeline، Tele2، Telecom شىركەتلىرى ۋە بىرلەشمە ياشانغانلار كۈتۈنۈش فوندىنىڭ زور مىقداردىكى ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، IDNET ۋە IDTV قاتارلىق رەقەملىك مۇلازىمەت تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ ئىشلەتكۈچىلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى، شۇنداقلا ئابونتلارنىڭ شەخسىي سانلىق مەلۇماتلىرى، تىزىملىتىش نامىلىرى ۋە مەخپىي نومۇرىمۇ ئاشكارىلانغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئىچىدە بار ئىكەن.

خىتاي تور بىخەتەرلىك شىركىتىنىڭ ئىچكى ئۇچۇرلىرىنىڭ ئېكران كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە، قازاقىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ۋە ئاستانا ئاۋىياتسىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان.

قازاقىستان رەقەملىك تەرەققىيات، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئاۋىياتسىيە سانائىتى مىنىستىرلىقى 20-فېۋرال ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، قازاقىستان دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشى بىلەن بىرلىكتە، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئۇقتۇرۇشتا يەنە شەخسىي ئۇچۇرلارنىڭ ئاشكارىلانغانلىقى بايقالغان ھامان، سەلبىي ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھوقۇقى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغان شەخسنىڭ رەقەملىك تەرەققىيات مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇچۇر بىخەتەرلىك كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەمۇرىي دەۋا باشلىسا بولىدىغانلىقى، ئۇچۇر بىخەتەرلىك كومىتېتى پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتا ياردەم بېرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

**“خىتاي تور بىخەتەرلىك شىركىتىنىڭ ئىچكى ئۇچۇرلىرىدا قازاقىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان.**

# دوكلات: شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئېغىرلاشماقتا



**ختاي رېجىمى ختاي ئۆلكىلىرىگە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سۈرگۈن قىلىش سالمىقىنى *38% ئاشۇرۇشنى* نىشانلىغان.**

ئالىي تەتقىقاتچى دوكتور ئادرىيان زېنز 13-فېۋرال يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك جىنايىتىنىڭ ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندىنىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدە كۆپلىگەن نوپۇزلۇق دوكلاتلارنى ئېلان قىلغان دوكتور ئادرىيان زېنز 13-فېۋرال «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك: 2023-يىلى ۋە 2024-يىلىنىڭ بېشىدا مەجبۇرىي ئەمگەك كۆچلىرىنى يۆتكەشنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى باھالاش» ناملىق دوكلاتىنى ئېلان قىلغان.

دوكلاتتا ختاينىڭ جىنايەتلىرى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئىسپاتلانغان بولۇپ، ختاي رېجىمىنىڭ





ئاتالمىش «ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، « نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» دېگەندەك ناملار بىلەن مەجبۇرىي ئەمگەكنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا يېقىنقى مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپەيگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان ھەمدە خىتاينىڭ بۇ پىلاننى ئاز دېگەندىمۇ 2025-يىلىغىچە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي رېجىمى 2023-يىلى ئاتالمىش «يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، «ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» ناملىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلغان. ھەر خىل ناملار بىلەن مەجبۇرىي ئەمگەك كۈلمىنى كۆرۈنەرلىك كېڭەيتىپ، خىتاي ئۆلكىلىرىگە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سۈرگۈن قىلىش سالمىقىنى 38% ئاشۇرۇشنى نىشانلىغان. نەتىجىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باشقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىش جىنايىتى 2010-يىلىدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە يەتكەن.

دوكلاتتا خىتاي رېجىمى رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 2023-يىلى 8-ئايدا شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغانلىقى، بۇ جەرياندا شى جىنپىڭ خىتاينىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى باغلاپ ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان پىلانىنىڭ ئۆلكە ھالقىغان ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەشكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى، بۇنىڭدىن يەتمەكچى بولغان مەقسەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايدا خىزمەت تېپىشقا يېتەكلەش ۋاستىسى بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشنى كۈچەيتىش ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي



***دوكلاتتا خىتاينىڭ بۇ پىلانىنى ئاز دېگەندىمۇ 2025-يىلىغىچە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.***

قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنى بىر تەرەپتىن جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەجبۇرىي ئەمگەككە سالماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىتاي ئاققۇنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىپ، يۇقىرى مائاش، ھەقسىز ئۆي، ھەقسىز يەر قاتارلىق تەمىناتلار ئارقىلىق قىزىقتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە كۈچىمەكتە.

# گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇرلار ختاينىڭ ساختىپەزلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى

ختاينىڭ گوللاندىيەدىكى كونسۇلخانىسى 24-فېۋرال گوللاندىيەنىڭ دەنھاگ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا ختاي چاغىنىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان ياش ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئابدۇراھمان ئۇيغۇر پائالىيەت سورۇنىغا ئېتىلىپ كىرىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن ھەمدە «ختاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختات»، «شەرقىي تۈركىستان ختاينىڭ بىر پارچىسى ئەمەس» دەپ شوئار توۋلاپ، ختاينىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ساختىپەزلىكىنى، يالغان تەشۋىقاتىنى ۋە ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، سورۇندىكى ختايلارنى ۋەھىمىگە سالغان.

چاغان بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى ئاخىرلىشىپ، ختاينىڭ گوللاندىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرى،





سەنئەتچىلىرى خاتىرە رەسىمگە چۈشۈشكە باشلىغان پەيتتە، قولىدا «شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ بىر پارچىسى ئەمەس» دېگەن پىلاكاتنى كۆتۈرگەن ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئابدۇراھمان ئۇيغۇر سەھنىگە چىقىپ جاراڭلىق ئاۋازدا: «خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختات»، «شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ بىر پارچىسى ئەمەس» دەپ شوئار توۋلىغان. ساراسىمىگە چۈشكەن خىتايلاردىن ئالتە-يەتتىسى ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى سەھنىدىن چۈشۈرۈشكە ۋە قولىدىكى پىلاكاتنى ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەن ۋە بىر ھازادىن كېيىن تەسلىكتە ئۇنى سەھنىدىن چىقىرالىغان ۋە ساقچىلار ئابدۇراھماننى ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا جەرىمانە قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن قويۇپ بەرگەن.

**ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئابدۇراھمان ئۇيغۇر سەھنىگە چىقىپ: «خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختات»، «شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ بىر پارچىسى ئەمەس» دەپ شوئار توۋلىدى.**

بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان پائالىيەتچى ئابدۇرېھىم غېنى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ھەققىدە توختىلىپ، خىتايلارنىڭ گوللاندىيە دەنھاگ شەھىرىنىڭ ھۆكۈمەت بىناسىدا خىتاي چاغىنىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن خەۋەر تاپقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن گوللاندىيەدە

**خىتايلار ئۆز باللىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، كۆز بوياشقا ئۇرۇندى.**

ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، خوككوڭلۇقلار ۋە تىبەتلەر بىرلىكتە ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا خىتايغا قارشى نامايىش قىلىش ئۈچۈن تەستىق ئالغانلىقىنى، نامايىش باشلىنىپ بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، نامايىش قىلىۋاتقانلاردىن ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش ئۈچۈن مەزكۇر چاغان پائالىيىتىگە شەرقىي تۈركىستاندىن ئۇيغۇرلارنى قاتناشتۇرغان-قاتناشتۇرمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن پائالىيەت سورۇنىغا كىرگەنلىكىنى، مەيدانغا كىرىشتىن بۇرۇن ئابدۇرېھىم غېنى، ئابدۇراھمان ئۇيغۇر، ئىلشات، قۇربانجان، ئېلجان، زەينۇرە ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى بولۇپ يەتتە كىشى خىتاينىڭ بۇ پائالىيەت ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش ھەرىكىتىنى توسۇپ قېلىشنى پىلانلىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ پىلان بويىچە ئابدۇرېھىم غېنى، ئابدۇراھمان ئۇيغۇر، ئېلجان قاتارلىق ئۈچ كىشى پائالىيەت مەيدانىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇلار مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە خىتايلارنىڭ ئۆز باللىرىغا ئۇيغۇرچە كىيىم كىيدۈرۈپ، نومۇر كۆرسىتىشكە تەييارلاۋاتقانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق كۆز بوياماقچى بولغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن ئالتە كىشى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇيغۇرچە كىيىم كىيگەن خىتاي قىزلىرى سەھنىگە چىققان ھامان شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى، «شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ بىر پارچىسى ئەمەس» دەپ يېزىلغان پىلاكاتنى، جازا لاگېرىدا يېتىۋاتقان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىپ: «خىتايلار يالغان تەشۋىقات قىلىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇيغۇر ئەمەس... ھەقىقىي ئۇيغۇرلار مانا بىز!» دەپ، خىتاينىڭ ساختىپەزلىكىنى ۋە يالغان تەشۋىقات بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت نومۇسسىزلىقىنى ئېچىپ تاشلاشنى پىلانلىغان.

ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىملىرى كىيدۈرۈلۈپ، نومۇر ئورۇنداشقا تەييار تۇرۇۋاتقان كىچىك خىتاي قىزلىرى سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن، خىتاي

رىياسەتچى پائالىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇراھمان ئۇيغۇر پۈرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، سەھنىگە ئېتىلىپ چىقىپ، شوئار توۋلاپ نارازىلىق ھەرىكىتىنى باشلىغان. ئۈستى قەۋەتتىكى ئۇيغۇرلار سەھنىگە چۈشۈپ بولغۇچە، ساقچىلار ئۇلارنى توسۇۋالغان. شۇنداقلا ئابدۇراھماننىمۇ ساقچىلار سەھنىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇ سەۋەبلىك نارازىلىق ھەرىكىتىگە ھەممە كىشى قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ قېتىملىق ھەرىكەتتىكى ئاساسىي مەقسەت ھاسىل بولغان.

گەرچە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدىن خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇش رەزىل مەقسىتىدە يالغان تەشۋىقاتلىرىنى داۋام قىلىۋاتقانلىقى مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئايان بولسىمۇ، بىراق بۇ قېتىمقىدەك خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىنى نەق مەيداندا پاش قىلىش ھەرىكىتى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

بۇ قېتىم خىتاينىڭ گوللاندىيەدىكى رەسمىي ئورگىنىنىڭ خىتاي بالىلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ ناخشا-ئۇسسۇلغا سېلىشى ۋە ئۇلارنى «شىنجاڭلىق قىزلار» دەپ تونۇشتۇرۇشى خىتاينىڭ مەقسىتىگە يېتىشتە ھەرقانداق ۋاستە تاللىمايدىغانلىقىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ھەر قانداق ئەخلاقسىزلىقتىن يانمايدىغانلىقىنى ئېچىپ بەردى.

ئابدۇرېھىم غېنىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، پائالىيەتتىكى خىتايلارنىڭ ئابدۇراھمان ئۇيغۇرغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى يەرگە بېسىشى گوللاندىيە قانۇنىغا ئاساسەن قانۇنسىزلىق بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇلار سىندىكى دەلىللەرگە ئاساسەن، مەزكۇر خىتايلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىدىكەن.


يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان، خۇسۇسەن ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا كۆپلەپ تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ياش ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئابدۇراھمان ئۇيغۇرنىڭ بۇ جاسارەتلىك ھەرىكىتى تور دۇنياسىدا زور تەسىر قوزغىدى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى خۇرسەن قىلدى.

# ختاي ئامېرىكا ئېلان قىلغان جازانى رەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى

ختاي رۇسىيەگە ياردەم بەرگەنلىكى سەۋەبلىك، ئامېرىكا تەرىپىدىن قويۇلغان جازانى رەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى.

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 26-فېۋرال خەۋەر قىلىشىچە، ختاي سودا مىنىستىرلىقى نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ رۇسىيەگە مۇناسىۋەتلىك ئەندىشىلىرى سەۋەبلىك، ختاي شىركەتلىرىگە جازا يۈرگۈزگەنلىكىگە «قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى»نى دەۋا قىلغان.

روينېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ختاي سودا مىنىستىرلىقى بايانات ئېلان قىلىپ: «زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ختاي شىركەتلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدايمىز» دېگەن. ئەمما قانداق تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان.



ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئالدىنقى جۈمە يېڭى جازا قارارى ئېلان قىلىپ، رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا رۇسىيەگە ياردەم بەرگەن 93 شىركەت، ئورگاننى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي شىركەتلىرىمۇ بار ئىدى.



بۇلاردىن سىرت، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرمۇ 21-فېۋرال ئۇكرائىنا ھەققىدە رۇسىيەگە قاراتقان 13-قېتىملىق جازا پىلانىنى تەستىقلىغان بولۇپ، رۇسىيەگە قورال-ياراغ سېتىش ياكى ئۇكرائىنالىق باللارنى تۇتقۇن قىلىشقا چېتىشلىق بولۇش بىلەن ئەيىبلەنگەن 200 گە يېقىن ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرگە كىرىشىنى چەكلىگەنىدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەزكۇر جازالاش قارارى ئالاھىدە دىققەت قوزغىغان بولۇپ، بۇ قېتىم خىتاي ۋە ھىندىستان شىركەتلىرى تۇنجى قېتىم نىشانلانغانىدى. يېڭى جازا تەدبىرىگە ئاساسەن، خىتاينىڭ ئۈچ شىركىتى ياۋروپا شىركەتلىرى بىلەن سودا قىلىشى چەكلەنگەن شىركەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنىدى.

**“**

***خىتاي ئارقىمۇ ئارقا ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى.***



# تۈركىيەدە تۇتۇلغان خىتاي جاسۇسى گۇماندارلىرىنىڭ كىملىكى ئاشكارىلاندى

ئالدىنقى ھەپتە ئىستانبۇل جۇمھۇرىيەت باش تەپتىش مەھكىمىسى خىتاينى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىگەن ئالتە خىتاي جاسۇس گۇماندارىنى قولغا ئالغانىدى. تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كىملىكى ۋە ھەرىكەتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئاشكارىلانغان بولۇپ، تۈركىيە خەۋەر ئورگىنى «خەۋەر تۈرك» بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم مەلۇماتلارنى ئېلان قىلدى

خەۋەر تۈرك تورىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تېررورلۇق ۋە تەشكىللىك جىنايەتلەرنى تەكشۈرۈش



(ئۆزگەرتكەن ئىسمى) خىتاي بىلەن يانفوندا ۋە يۈزتۇرانە كۆرۈشكەنلىكىنى ئېنىقلىغان.

سادىق مەمەتئەزىز 2000-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق خادىمى مۇتىۋۇللا (ئۆزگەرتكەن ئىسمى) ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ خادىمى ئالىمجان (ئۆزگەرتكەن ئىسمى) قاتارلىق جاسۇسلار بىلەن يانفون ئارقىلىق ۋە يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ تۇرغان.

تۈركىيە دۆلەتلىك ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ئېنىقلىشىچە، سادىق مەمەتئەزىز مەزكۇر يۈز تۇرانە كۆرۈشۈشلەرنىڭ چەت ئەلدە بولۇشىنى خالىغان بولۇپ، دوكلاتتا يەنە سادىق مەمەتئەزىزنىڭ 2023-يىلى 2-ئايدا خوڭكوڭغا بارغانلىقى ۋە خوڭكوڭدىن


ئىدارىسى تەپتىشىنىڭ جازا سوتىدىن مەزكۇر جىنايەت گۇماندارلىرىنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلغان يازمىسىدا، سادىق مەمەتئەزىز ئىسىملىك جىنايەت گۇماندارىنىڭ خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى بولغان دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى ۋە قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى لى فامىلىلىك

**ئۇ خىتاي ئۇچۇن جاسۇسلۇق قىلىش بەدىلىگە خىتايدىن *2023*-يىلى بېيجىڭدا *7000* دوللار، سەئۇدى ئەرەبىستاندا *15* مىڭ دوللار ھەق ئالغان.**




قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيەسىگە كېلىپ، لى فامىلىلىك ۋە ئالىمجان ئىسىملىك ئىككى جاسۇس بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشكەن. ئارقىدىن ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە ئالىمجان بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەن.

جاسۇسلۇق پائالىيىتىنى ئۇڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، خىتاي ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرى سادىق مەمەتئەزىزغا ئوخشىمىغان ئىككى



خىل پاسپورت بېجىرىپ بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىش-كېلىش يوللىرى تاقالغان، بولۇپمۇ 2017-يىلدىن كېيىنكى

> **جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ پېيىغا چۈشكەن.**

مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىش-چىقىشى مۇمكىن بولمىغان مەزگىللەردىمۇ گۇماندارلارنىڭ بېرىش-كېلىشنى توختاتمىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

سادىق مەمەتئەزىز 2023-يىلى 8-ئايدا تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەن. ختاي ئىستىخبارات خادىملىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى، جەمئىيەتلىرىنىڭ يىغىنلىرى، تۈركىيەدە ياشايدىغان، تونۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئادرېسىنى ئېنىقلاپ چىقىپ توپلاپ، سۈرەتلەر ۋە ھۆججەتلەرنى ختاي جاسۇسلىرىغا بەرگەن.

ئىستانبۇل تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلغان يازمىسىدا بىلدۈرۈلۈشىچە، سادىق مەمەتئەزىز ختاي ئىستىخبارات ئورگىنىدىن تاپشۇرۇۋالغان يوليورۇق بىلەن ھەرىكەت باشلاپ، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان تۇرىدىغان رايوندا ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلاپ، 2023-يىلى 1-ئايدا ئىستانبۇلنىڭ باشاقشەھىر رايونىدىن ئۆي ئىزدىگەن. ئۇ يەنە زەيتىنبۇرنۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناۋايخانىسىدا ئىشلەيدىغان ئابدۇللاھ ئىسمىلىك كىشىنى سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلاشقا ئورۇنلاشتۇرغان. سادىق مەمەتئەزىز ختاي ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىش بەدىلىگە، ختايدىن

**ختايدىن ئالغان پۇللىرىنى تىجارەت نامىدا يوشۇرغان.**

2023-يىلى بېيجىڭدا 7000 دوللار، سەئۇدى ئەرەبىستاندا 15 مىڭ دوللار ھەق ئالغان.

جاسۇسلۇق گۇماندارلىرىدىن بىرى بولغان ھەبىبۇللا ئۇرۇمچىنىڭ قولغا ئېلىش تەلەپ قىلىنغان تەپتىش يازمىسىدا خاتىرىلىنىشىچە، ھەبىبۇللا ئۇرۇمچى سادىق مەمەتئەزىزغا ئالىمجان ئىسمىلىك جاسۇستىن كەلگەن پۇلنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋاستىچى بولغان. ھەبىبۇللا ئۇرۇمچىنىڭ پاكىستاندىمۇ سادىق مەمەتئەزىز بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغانلىقى ۋە كۆپ قېتىم چەت ئەلگە چىقىش-كىرىش خاتىرىلىرى بارلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خەۋەردە گۇماندارلارنىڭ بىرى بولغان ھاشىم سابىتئوغلىنىڭ ئۆمرە قىلىش باھانىسى بىلەن، يېقىنقى ۋاقىتلاردا ختاي ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ كۆرۈشۈش ئورنىغا ئايلانغان سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغانلىقى ۋە سادىق مەمەتئەزىزنىڭ ختايدىن ئالغان پۇللىرىنى ھاشىم ئارقىلىق «تىجارەت قىلىش» نامىدا ئالغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

گۇماندارلاردىن ئابدۇللا ناسىرنىڭ قولغا ئېلىش تەلەپ قىلىنغان تەپتىش يازمىسىدا، ئابدۇللا ناسىرنىڭ ئۆزىنى ختاينىڭ كونسۇلخانا خادىمى دەپ تونۇشتۇرغان جۇڭ شۇگاڭ ئىسىملىك ختاي ئىستىخبارات خادىمى بىلەن ئىزچىل كۆرۈشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بۇرسادا بىر



مېھمانخانىدا تۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئالىمجان ئىسىملىك جاسۇسنى تونۇيدىغان ئابدۇللا ناسىرنىڭ نۇرغۇن پاسپورت خاتىرىسى بارلىقى ئاشكارىلانغان.




20-فېۋرال ئىستانبۇل باش تەپتىش مەھكىمىسى تېررورلۇق ۋە تەشكىللىك جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئىجرا قىلغان ھەرىكەتتە تۈركىيە ئىستىخبارات تەشكىلاتى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار، شەرقىي تۈركىستان جەمئىيەتلىرى، تەشكىلاتلىرى ھەققىدە ئۇچۇر توپلاپ، خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىغا يوللىغانلىقى بىلەن ئەيىبلەنگەن ئالتە كىشى بىرلا ۋاقىتتا ئىستانبۇلدا قولغا ئېلىنغاندى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زور غۇلغۇلا قوزغىغانىدى.

# تۈركىيە ئالىي سوتى خىتاي جاسۇسلىرىغا جازا ئېلان قىلدى



تۈركىيە ئالىي سوت مەھكىمىسى 3-جىنايى ئىشلار ئىدارىسى تۈركىيەدە ھەربىي ۋە



سىياسىي جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلاپ، خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىغا يەتكۈزگەن جاسۇسلارغا قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

ساباھ خەۋەرلىرى تورىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، تۈركىيە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ 3-جىنايى ئىشلار ئىدارىسى تۈركىيەدە ھەربىي ۋە سىياسىي جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللانغان، خىتاي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ، تۈركىيەدە پاناھلانغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلىغان ۋە بۇ ئۇچۇرلارنى خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىغا يەتكۈزگەن جاسۇسلارنىڭ جازاسىنى تەستىقلىغان.

ئىستانبۇل 24-ئېغىر جىنايى ئىشلار سوتى جاۋابكار رۇي پەن، ئابلىز دىليار ۋە چياڭ چېنىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جاسۇسلۇق قىلىش جىنايىتىگە 12 يىل 6 ئايلىق قاماق جازاسى بەرگەن. جاۋابكار بەن رۇڭۋېي، بەن يىجې ۋە يۇسۇپ تۇنا قاتارلىق ئۈچ كىشىگە سىياسىي ياكى ھەربىي جاسۇسلۇق

**“**

**سىياسىي ۋە ھەربىي جاسۇسلۇق قىلىش جىنايىتىگە *12* يىل *6* ئايلىق قاماق جازاسى بېرىلدى.**

قىلمىشلىرىغا ياردەم بېرىش جىنايىتى بىلەن، 6 يىل 3 ئايلىق قاماق جازاسى بېرىپ، ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى قارار قىلغان.

سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىدا جاۋابكارلار تۈركىيەدە ياشاۋاتقان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ھۇجۇم نىشانى قىلغانلىقى، بۇ كىشىلەر ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىچكى ياكى تاشقى مەنپەئەتىگە خەۋپ يەتكۈزگەنلىكى، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مەخپىي ئۇچۇرلىرىنى مەخپىي خادىملار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەنلىكى، بۇ ئۇچۇرلارنى توپلاپ خىتايغا يەتكۈزۈپ بېرىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنغان. قارارىدا يەنە جاۋابكارلارنىڭ تۈركىيەدە پاناھلانغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەخپىي ئۇچۇرلىرىنى چەت ئەلنىڭ ئىستىخبارات ئورگىنىغا يوللىغانلىقى، جاسۇسلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ سىياسىي ياكى ھەربىي جاسۇسلۇق جىنايىتىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئىستانبۇل رايونلۇق ئەدلىيە سوتى 2-جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى جاۋابكارلارنىڭ بىرىنچى سوت مەھكىمىسى چىقارغان ھۆكۈمگە قارىتا سۇنغان ئەرز ئىلتىماسىنى رەت قىلىشنى قارار قىلغان

جاۋابكارلارنىڭ نارازىلىق ئەرزى ئالىي سوت مەھكىمىسى 3-جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە يېتىپ كەلگەن. سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈش

**سوت مەھكىمىسى *جاۋابكارلارنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى* رەت قىلدى.**

ئارقىلىق، خىتاي ئىستىخباراتى ئىزدەۋاتقان، شۇنداقلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىپ، خىتايغا ئېلىپ كېتىشكە ئۇرۇنغانلىقى ۋە بۇ جەرياندا قانۇنسىز ھالدا تۈركىيەگە كەلگەن جاۋابكار رۇي پەنىنىڭ بىر مېھمانخانا ئېچىپ، خىتاي پۇقرالىرىنى ياتاق بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى خىتاي ئىستىخبارات ئەمەلدارىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن قىلغانلىقى، خىتاي ئىستىخبارات ئورگىنى بىلەن تۈركىيەدە




تەشكىللىنگەن ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدا پۇل يۆتكىگەنلىكى، جاۋابكارلارنىڭ خىتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۇچۇرغا ئېرىشكەنلىكى ۋە ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنى خىتاي ئىستىخبارات ئەمەلدارىغا ئەۋەتكەنلىكى، ئولتۇراق ئادرېسلىرىنى پايلاپ يۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىنى خىتاي ئىستىخبارات ئورگىنىغا يەتكۈزۈلگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان.

ئىستانبۇل رايونلۇق ئەدلىيە سوتى 2-جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن ئەرزنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، جاۋابكارلارنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى بىردەك رەت قىلغان.

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والأعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا
# نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بوياmچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.

www.istiqlalhaber.com I www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33 +90 541 797 77 00